ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسى،
شىنجاڭ بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى

# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىنقىلابىي ئەنئەننى ئەۋج ئالدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو، جىن دىشۈي، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن،
سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار قاتناشتى

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇك خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسى، شىنجاڭ بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىغا كوللېكتىپ بېرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دىشۈي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار قاتناشتى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا، قارىغاي، ئارچىلار ئوراپ تۇرغان خاتىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېن چۈەنگو، جىن دىشۈي، شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار بۇ جايغا كېلىپ، خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى، «تىيانشان ئابىدىسى» باش تېمىسىدىكى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە قەھرىمانلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى خاتىرە سارىيى چوڭ زالىدا، چېن چۈەنگو بارلىق يولداشلارنى باشلاپ قىپقىزىل پارتىيە بايرىقىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى بىرلىكتە تەكرارلاپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش قەتئىي ئىشەنچىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسى لىۇ جىدەن، شىي زىچاڭ، شى جۈشۈن قاتارلىق بىر ئەۋلاد پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى قۇرغان قىزىل ئارمىيە قىسمى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار شى تارىخى سارىيىغا كېلىپ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار، تارىخىي پەيتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىممەتلىك سۈرەتلەر، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇرۇنقى جەڭ مەيدانى مەنزىرىلىرى ئالدىدا پات ـ پات توختاپ، ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، چوشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى چوڭقۇر ياد ئەتتى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: پېشقەدەم بىر ئەۋلاد پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئالىيجاناب روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭدىن ئېتىقادنىڭ كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، تارىخ ۋە دەۋر يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىدا، زەمبىرەك ئوقى قېپىدىن ياسالغان «كەتمەن»، تۆز يەرگە ئويۇلغان گەمە، 100 نەچچە قېتىم يامالغان ھەربىيچە پەلتو... ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتەك بىڭتۈەن روھى ۋە شىنجاڭدا يىلتىز تارتىش، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەشتەك پېشقەدەم ئەسكەرلەر روھىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، ھەربىر يولداشنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: بىڭتۈەن روھى ۋە پېشقەدەم ئەسكەرلەر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەننىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، مەنىۋى كالتىسىنى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. ئىككىنچى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سىياسىيدا سادىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇپ، خەلققە سادىق بولۇپ، ماركسىزمغا سادىق بولۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. ئۈچىنچى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىدىغان يول ئاچقۇچىلاردىن بولۇش كېرەك. ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، بىرلىكتە ئىشلەپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى ياخشى قۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەش ـ كەسىپنى قەدىرلەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئۈرۈق چاچقۇچىلاردىن بولۇش كېرەك. مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق ياراتىدىغان روھىي ھالەتكە ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قېتىرقىنىپ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدىغان روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ پرىنسىپىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پارتىيە ئىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە شەخسىيەتسىز، قورقماس جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتۈش كېرەك.



6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسى، شىنجاڭ بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىغا كوللېكتىپ بېرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

سۈرەتتە: 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دىشۈي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭ بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىدا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى قانات يايدۇرماقتا.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

# مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ چىقايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەدەنىيەت ئىشەنچى تېخىمۇ ئۇللۇق، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان ئىشەنچ، تېخىمۇ نېگىزلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان كۈچ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشتۇر. مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك، مەدەنىيەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، مىللىي روھنىڭ مۇستەقىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەدەنىيەت مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈچ. جۇڭخۇا مىللىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا سانسىزلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىدى، لېكىن بىز بۇنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەردۇق، چىدىدۇق، بۇنىڭدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قېيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات جەريانىدا ئىجاد قىلغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتتىن تاۋلىنىپ چىققان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يىلتىز تارتقان. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىنى چىڭ ساقلاپ، مەۋقەنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، بۈگۈنكى دەۋر شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللەتكە تەۋە، ئىلمىي بولغان، ئاممىباپلىققا ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتۇر. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي ئايلاندۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىشچان تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك.

# قول تۇتۇشۇپ ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتايلى

(بېشى 2 ـ بەتتە)

**—— ئوچۇق ـ سىغدۇرۇشچان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشىمىز.** بېكىنمە بوشلۇقتا قاياققىلا ماڭساق تامغا ئۇسۇۋالىمىز، ئوچۇق يوللا ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ. بىز بۇ يىل 5 ـ ئايدىكى ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىدىكى ئورتاق تونۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، سۆزلىشىش، سىغدۇرۇشچان بولۇش مەدەنىيلىك قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىللىقنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشى ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئەۋزەللىكىدىن ھالقىشىمىز، ئىناق بىللە ياشاش ئارقىلىق مەدەنىيلىك توقۇنۇشىدىن ھالقىشىمىز، ئارىلىشىپ ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئارازلىقىدىن ھالقىشىمىز، گۈللىنىپ ئورتاق ئىلگىرىلەش ئارقىلىق مەدەنىيلىك قاتماللىقىدىن ھالقىشىمىز كېرەك.

**—— ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئاسىيا قۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق ئېھتىياجىمىز.** ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىش ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. بىز دەۋر ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھ قىلىش ئىدىيەسىنى ھەرىكەت قاتلىمىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە، تۈزۈم، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ئاسىيانىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز كېرەك. دادىللىق بىلەن كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ يېڭىلىرىنى يارىتىپ، تىرىشىپ كونا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى جاۋاب ئىزدەپ، يېڭى مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياخشى جاۋاب ئىزدەپ، ئاسىيا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىشىمىز كېرەك.

خىزمەتداشلار!

جۇڭگو ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا قاتنىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى، ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ئاسىيانىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئاسىيا چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو داۋاملىق دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارى تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە قوشقۇچىسى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

**بىرىنچى، بىز قەتئىي ھالدا تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان، قوشنىلارغا ئورا كولايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز.** جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالاش ـ تارتىشىنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سۆھبەتلىشىپ، كېڭىشىپ ھەل قىلىشنى قوللايدۇ.

**ئىككىنچى، بىز ئېچىۋېتىش، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىلىنىمىز.** جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىق سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا سىجىل قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بۇ يىل 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىگە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

**ئۈچىنچى، بىز قەتئىي ھالدا كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغدايمىز.** جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداشنى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداشنى خالايدۇ. ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش روھىغا ئاساسەن، باراۋەر سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانى ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا قائىدىسى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ھە دېسىلا قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىللىككە مۇراجىئەت قىلمايدۇ. جۇڭگونىڭ بۇ مەيدانى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق بولۇپلا قالماي، يەنە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدىغانلىق.

خىزمەتداشلار!

تاجىك مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى رۇداكى: «ئاقىللار ئاق كۆڭۈللۈك ۋە تىنچلىققا ئىنتىلىدۇ، نادانلار تالاش ـ تارتىشقا ۋە ئۇرۇشقا بېرىلىدۇ» دەپ يازغان. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، تىنچلىق، مۇقىملىق، گۈللىنىشكە بوشاشماي ئىنتىلىپ، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دۈشەنبە، 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**